## 145560 ـ مۇسۇلمان ئەرنىڭ خرىستىئان ئايالىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشى كېرەك بولامدۇ؟

### سۇئال

مۇسۇلمان ئەرنىڭ خرىستىئان ئايالىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشى كېرەك بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلىي جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىلگىرى بىز 99353– نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا ئۆلىمالارنىڭ: مۇسۇلمان ئەر ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئايالىنىڭپىتىر سەدىقىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدىكى ئىختىلاپىنى بايان قىلدۇق.

ئەمما ئايالى ئەھلى كىتاب(خرىستىئان ياكى يەھۇدى)بولسا ئەرنىڭ ئايالى ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى بېرىشى كېرەك بولمايدۇ، ئۇنداق بولىشى: پىتىر سەدىقىسى پەقەت مۇسۇلمانلارغا پەرز بولىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامپىتىر سەدىقىسىنى، مۇسۇلمانلاردىن بۇلغان قۇلغا، ھۆرگە، ئەرگە، ئايالغا، كىچىك ـ چوڭلارغاخورمىدىن، ئارپىدىن بىر سادىن(ئۈچ كىلۇ ئەتراپىدا) پەرز قىلدى. [بۇخارى رىۋايىتى1503–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى984–ھەدىس].

ھەدىستىكى: مۇسۇلمانلاردىن دېگەن سۆزدىن پىتىر سەدىقىسىنىڭ پەرىز بولىشى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرت ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ، شۇڭا پىتىر سەدىقىسى كاپىرغا پەرز بولمايدۇ، بۇ ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. ["سۇبۇلۇس سالام"1–توم 538–بەت].

"مۇغنى مۇھتاج" ناملىق ئەسەر 2–توم 112–بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:مۇسۇلمانلاردىندېگەن سۆزى بويىچە ئەسلى كاپىرغا پىتىر سەدىقىسى بېرىش كېرەك بولمايدۇ. بۇ ئۆلىمالارنىڭ بىرلىكى، ماۋەردى رەھىمەھۇللاھمۇ شۇنداق دېگەن: چۈنكى پىتىر سەدىقىسى دېگەن پاكىزلاش بولۇپ، كاپىرلار ئۇنىڭغا لايىق ئەمەس.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ: "پەتھۇلبارى"3–توم 369–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: ئەرگە، ئايالغا

دېگەن سۆزىنىڭ كۆرۈنۈشىدىن پىتىر سەدىقسىنىڭ ئايال كىشىگە ئېرى بولسۇن ياكى تۇل بولسۇن ئوخشاشلا پەرھىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئاندىن: مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى:مۇسۇلمان ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ كاپىر خوتۇنى ئۈچۈن پىتىر سەدىقسى بەرمەيدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن".